ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلايلى ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلايلى

—— 73 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا سەھىيە يىغىنى سىن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، بېيجىڭ)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

يىغىن رەئىسى ئەپەندى،
دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ئەپەندى،
ھەرقايسى ۋەكىللەر:

ئالدى بىلەن، مەن مۇنداق قارايمەن: ئىنسانلار يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە بۇ قېتىمقى دۇنيا سەھىيە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە!

ئىنسانلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەسىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تويۇقسىز تارقىلىپ، ھازىر 210 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا كېڭەيدى، 7 مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىگە تەسىر كۆرسەتتى، 300 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىغا زامىن بولدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن بەختكە قارشى قازا قىلغانلارغا تەزىيە بىلدۈرىمەن! ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورايمەن!

ئىنسانىيەت مەدەنىيلىك تارىخىمۇ كېسەل ۋە ئاپەتكە قارشى كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر. ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، يۇقۇملۇق كېسەل ئىرق ئايرىمايدۇ. يامان ئەلپازدا كەلگەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەت چېكىنمىدى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولدى، كىشىلەر ئارىسىدىكى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنى نامايان قىلدى، يۇقۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

جاپالىق، مىسلىسىز تىرىشىش، غايەت زور بەدەل تۆلەش ئارقىلىق، جۇڭگو يۇقۇم ۋەزىيىتىنى كۆچەپ ياخشىلاپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىدى. جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرگە يۇقۇم ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى، بىرىنچى ۋاقىتتا ۋىرۇسنىڭ گېن تەرتىپى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلدى، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تولۇق تەڭ بەھرىمەن بولدى، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئېھتىياجلىق دۆلەتلەرگە كۆپلەپ مەدەت بەردى ۋە ياردەم بەردى.

رەئىس ئەپەندى!

ھازىر يۇقۇم يەنىلا يامرىماقتا، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە يەنىلا تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى بېرىشنى خالايمەن.

بىرىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ، ھازىرقى ئەڭ جىددىي ئىش. بىز خەلقنى ئاساس قىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاش كۈچلىرى ۋە مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى ئىلمىي يۆتكەپ، تەقسىم قىلىپ، مۇداپىئەلىنىش، ئايرىۋېتىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ئىز قوغلاش قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا يامراش ۋەزىيىتىنى تېزدىن توسۇپ، يۇقۇمنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن توسۇشىمىز كېرەك. ئۇچۇرلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى كۈچەيتىش، پايدىلىق تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئۇسۇلى، كلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ۋاكسىنا، دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش ھەم ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرىنىڭ ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ۋە تارقىلىش يولى توغرىسىدىكى يەرشارىۋى ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشنى داۋاملىق قوللاش كېرەك.

ئىككىنچى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. باش ئىش بېجىرگۈچى تەن دېسەينىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى، خەلقئارا جەمئىيەت بۇنى يۈكسەك تەرىپلەيدۇ. ھازىر، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھالقىلىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى قوللىغانلىق خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى قوللىغانلىق، ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشنى قوللىغانلىقتۇر. جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى سىياسىي جەھەتتىن قوللاش ۋە مەبلەغ سېلىشنى زورايتىشى، پۈتۈن يەرشارىۋى بايلىقنى ئىشقا سېلىپ، يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى قوللاشنى زورايتىش كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى ئاجىز، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بېرىش خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى. بىز ئافرىقا دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئادەم كۈچى جەھەتتىن قوللىشىمىز كېرەك. جۇڭگو ئافرىقىدىكى 50 نەچچە دۆلەتكە ۋە ئافرىقا ئىتتىپاقىغا زور مىقداردىكى داۋالاش ياردىمى ماددىي ئەشيالىرىنى تاپشۇردى، مەخسۇس بەش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ئۆتكەن 70 يىلدا، جۇڭگو ئافرىقىغا ئەۋەتكەن داۋالاش ئەترىتى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئافرىقا خەلقىنى داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. نۆۋەتتە، ئافرىقىدا دائىملىق تۇرۇۋاتقان 46 جۇڭگو داۋالاش ئەترىتى شۇ جاينىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىنسانلار ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، لېكىن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئەمەس. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئاشكارىلانغان كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تويۇقسىز يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە قارىتا جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، يەرشارىۋى ۋە رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش مەركىزى قۇرۇش كېرەك. جۇڭگو يەر شارىۋى يۇقۇم تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاشنى قوللايدۇ. بۇ خىزمەت ئىلمىي كەسپىي پوزىتسىيەگە موھتاج، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا موھتاج.

بەشىنچى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. شارائىتى بار دۆلەتلەر دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ كەسپىي تەكلىپىگە ئەمەل قىلىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشى كېرەك. خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەرشارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى، راۋانلىقىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىنسانلار —— تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش —— يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال. بۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئەيدىز كېسىلى، ئېبولا، قۇش زۇكىمى، A تىپلىق H1N1 تارقىلىشچان زۇكام قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم تەجرىبە، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان جاھاندىكى توغرا يول.

رەئىس ئەپەندى!

جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئىدىيەسىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىدۇ، ھەم ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولىدۇ، ھەم يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، مەن مۇنۇلارنى جاكارلايمەن:

—— جۇڭگو يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ھەمدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى يىل ئىچىدە 2 مىليارد دوللار خەلقئارا ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

—— جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جۇڭگودا يەرشارىۋى ئىنسانپەرۋەرلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئامبىرى ۋە تۈگۈنى تەسىس قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم ترانسپورت ۋە تاموژنا رەسمىيىتىنى تۈگىتىش يېشىل يولى قۇرىدۇ.

—— جۇڭگو جۇڭگو ـ ئافرىقا نىشانلىق ياردەم بېرىش دوختۇرخانا ھەمكارلىق مېخانىزمىدىن 30نى ئورنىتىپ، ئافرىقا كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى باش ئىشتابىنى تېز قۇرۇپ، ئافرىقىنىڭ كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشىدۇ.

—— جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش تاماملىنىپ ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەرشارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىپ، ۋاكسىنىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بارالىشى ۋە تەمىنلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

—— جۇڭگو 20 دۆلەت گۇرۇھىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە «ئەڭ نامرات دۆلەتلەرنىڭ قەرزىنى تۆلىشىنى ۋاقىتنچە كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ھەم خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە يۇقۇم پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغان، بېسىم پەۋقۇلئاددە زور بولغان دۆلەتلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى قىيىنچىلىقنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

مەن شۇنداق مۇراجىئەت قىلىمەنكى، بىز قول تۇتۇشۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنى ئورتاق قوغدايلى، ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قوغدايلى، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلايلى!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولدى، كىشىلەر ئارىسىدىكى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنى نامايان قىلدى، يۇقۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جاپالىق، مىسلىسىز تىرىشىش، غايەت زور بەدەل تۆلەش ئارقىلىق، جۇڭگو يۇقۇم ۋەزىيىتىنى كۆچەپ ياخشىلاپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىدى. جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر ئاشكارا، ئوچۇق، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرگە يۇقۇم ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى، بىرىنچى ۋاقىتتا ۋىرۇسنىڭ گېن تەرتىپى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلدى، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تولۇق تەڭ بەھرىمەن بولدى، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئېھتىياجلىق دۆلەتلەرگە كۆپلەپ مەدەت بەردى ۋە ياردەم بەردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يۇقۇم يەنىلا يامرىماقتا، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە يەنىلا تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ، مەن تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بېرىشنى خالايمەن.

بىرىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ، ھازىرقى ئەڭ جىددىي ئىش. بىز خەلقنى ئاساس قىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، داۋالاش كۈچلىرى ۋە مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى ئىلمىي يۆتكەپ، تەقسىم قىلىپ، مۇداپىئەلىنىش، ئايرىۋېتىش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ئىز قوغلاش قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا يامراش ۋەزىيىتىنى تېزدىن توسۇپ، يۇقۇمنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن توسۇشىمىز كېرەك. ئۇچۇرلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى كۈچەيتىش، پايدىلىق تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئۇسۇلى، كلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ۋاكسىنا، دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش ھەم ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرىنىڭ ۋىرۇسنىڭ مەنبەسى ۋە تارقىلىش يولى توغرىسىدىكى يەرشارىۋى ئىلمىي تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشنى داۋاملىق قوللاش كېرەك.

ئىككىنچى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. باش ئىش بېجىرگۈچى تەن دېسەينىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى، خەلقئارا جەمئىيەت بۇنى يۈكسەك تەرىپلەيدۇ. ھازىر، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھالقىلىق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى قوللىغانلىق خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى قوللىغانلىق، ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشنى قوللىغانلىقتۇر. جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى سىياسىي جەھەتتىن قوللاش ۋە مەبلەغ سېلىشنى زورايتىشى، پۈتۈن يەرشارىۋى بايلىقنى ئىشقا سېلىپ، يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى قوللاشنى زورايتىش كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى ئاجىز، ئۇلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بېرىش خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ئافرىقا دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئادەم كۈچى جەھەتتىن قوللاش كېرەك. جۇڭگو ئافرىقىدىكى 50 نەچچە دۆلەتكە ۋە ئافرىقا ئىتتىپاقىغا زور مىقداردىكى داۋالاش ياردىمى ماددىي ئەشيالىرىنى تاپشۇردى، مەخسۇس بەش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. نۆۋەتتە، ئافرىقىدا دائىملىق تۇرۇۋاتقان 46 جۇڭگو داۋالاش ئەترىتى شۇ جاينىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىنسانلار ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، لېكىن ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە تاسادىپىي ۋەقەلىرى ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئەمەس. بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئاشكارىلانغان كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تويۇقسىز يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە قارىتا جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ، يەرشارىۋى ۋە رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش مەركىزى قۇرۇش كېرەك. جۇڭگو يەر شارىۋى يۇقۇم تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاشنى قوللايدۇ. بۇ خىزمەت ئىلمىي كەسپىي پوزىتسىيەگە موھتاج، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا موھتاج.

بەشىنچى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. شارائىتى بار دۆلەتلەر دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ كەسپىي تەكلىپىگە ئەمەل قىلىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشى كېرەك. خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەرشارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى، راۋانلىقىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچى، خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىنسانلار —— تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش —— يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال. بۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئەيدىز كېسىلى، ئېبولا، قۇش زۇكىمى، A تىپلىق H1N1 تارقىلىشچان زۇكام قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم تەجرىبە، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان جاھاندىكى توغرا يول.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرىدۇ، ھەم ئۆز دۆلىتى خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولىدۇ، ھەم يەر شارى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، مەن مۇنۇلارنى جاكارلايمەن:

—— جۇڭگو يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ھەمدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى يىل ئىچىدە 2 مىليارد دوللار خەلقئارا ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

—— جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جۇڭگودا يەرشارىۋى ئىنسانپەرۋەرلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئامبىرى ۋە تۈگۈنى تەسىس قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم ترانسپورت ۋە تاموژنا رەسمىيىتىنى تۈگىتىش يېشىل يولى قۇرىدۇ.

—— جۇڭگو جۇڭگو ـ ئافرىقا نىشانلىق ياردەم بېرىش دوختۇرخانا ھەمكارلىق مېخانىزمىدىن 30نى ئورنىتىپ، ئافرىقا كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى باش ئىشتابىنى تېز قۇرۇپ، ئافرىقىنىڭ كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشىدۇ.

—— جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش تاماملىنىپ ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى يەرشارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات قىلىپ، ۋاكسىنىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بارالىشى ۋە تەمىنلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

—— جۇڭگو 20 دۆلەت گۇرۇھىغا ئەزا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە «ئەڭ نامرات دۆلەتلەرنىڭ قەرزىنى تۆلىشىنى ۋاقىتنچە كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ھەم خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە يۇقۇم پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغان، بېسىم پەۋقۇلئاددە زور بولغان دۆلەتلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى قىيىنچىلىقنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ ئاخىردا مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: بىز قول تۇتۇشۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنى ئورتاق قوغدايلى، ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قوغدايلى، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلايلى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى سۆزىدە بىردەك كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللايدىغانلىقىنى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رولىنى قوللايدىغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتىكى ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلق رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ جۇڭگوغا ئوقۇشقا كەلگەندىن بۇيان، ھەم مول بىلىمگە ئىگە بولغانلىقىڭلارنى، ھەم نۇرغۇن جۇڭگولۇق دوستلار بىلەن تونۇشقانلىقىڭلارنى بىلدىم، سىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەڭلەردىن خۇشال بولدۇم.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دەل سىلەر ھېس قىلغاندەك، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە مەكتەپلەر جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپچىلىككە ھەر تەرەپلىمە ياردەم بەردى. ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا، مەيلى جۇڭگولۇقلار ياكى جۇڭگودىكى چەت ئەللىك خادىملار بولسۇن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئاسرىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىگە مەدەت بەرگەن. چىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ. جۇڭگو داۋاملىق جۇڭگودا ئوقۇۋاتقان بارلىق چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلۈك ياردەملەرنى بېرىدۇ. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرۇشىنى قارشى ئالىدۇ، شۇنداقلا سىلەرنىڭ جۇڭگونى كۆپرەك چۈشىنىشىڭلارنى، دۇنياغا ئۆزۈڭلار كۆرگەن جۇڭگونى كۆپرەك چۈشەندۈرۈشىڭلارنى، جۇڭگو ياشلىرى بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ياشلىرى بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ خەلق رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكا داشۆسىدە ھازىر پاكىستانلىق ئوقۇغۇچىدىن 52سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 49 كىشى دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت. يېقىندا، ئۇلار رەئىس شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، جۇڭگودا ئوقۇۋاتقاندىكى كەچۈرمىشى ۋە تەسىراتىنى بايان قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پارتلاش خاراكتېرلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى، ئوقۇش پۈتتۈزگەندىن كېيىن «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىپ، جۇڭگو ـ پاكىستان دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.